بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇقەددىمە

## « حركات » (تاۋۇش بەلگىلىرى) :

**تاۋۇش بەلگىلىرى تۇرلۇك سىرتقى ئامىللار سەۋەبىدىن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا ئۆزگۈرۈپ تۇرىدىغان ياكى ئىسىملارنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇپ، ھەرخىل سىرتقى ئامىللار تەسىر كۆرستەلمەيدىغان قاتتىق بەلگىلەردۇر.**

**1 ـ ئامىللارنىڭ تەسىرى بىلەن ئاخىرى ئۆزگۈرىدىغان بەلگىلەر ( ◌َ ◌ُ ◌ِ ◌ً ◌ٌ ◌ٍ ) :**

**باش كېلىش** ( مَرْفُوْعٌ [ ◌ُ وٌ ] )، **چۈشۈم كېلىش** ( مَنْصُوْب [ ◌َ اً ] )، **ئىگىلىك كېلىش** ( مَجْرُورٌ [ ◌ِ ى ٍ ] ) دەپ ئاتىلىدۇ.

م :
عَلاَمَةُ الرَّفْعِ : اَلْمُجْتَهِدُ مَحْبُوْبٌ ــ تىرىشچان كىشى سۆيۈملۈك.
عَلاَمَةُ النَّصْبِ : اِحْتَرُمْتُ الْمُجْتَهِدَ ــ تىرىشچان كىشىنى ھۆرمەتلىدىم.
عَلاَمَةُ الْجَرِّ : اَعْجَبْتُ بِالْمُجْتَهِدِ ــ تىرىشچان كىشىگە ھەيران قالدىم.

*********************************************************

**2 ـ ئامىللار تەسىر كۆرستەلمەيدىغان قاتتىق بەلگىلەر ( ◌َ ◌ُ ◌ِ ) :**

تاق **پىچ (ضَمَّةٌ)**، تاق **زەۋەر (فَتْحَةٌ)**، تاق **زىر (كَسْرَةٌ )** دەپ ئاتىلىدۇ.

عَلاَمَةُ الرَّفْعِ : هَؤُلاَءِ مَحْبُوبُوْنَ ــ ئۇلار سۆيۈملۈك كىشىلەر.

م : عَلاَمَةُ النَّصْبِ : اِحْتَرَمْتُ هَؤُلاَءِ ــ ئۇلارنى ھۆرمەتلىدىم.

عَلاَمَةُ الْجَرِّ : اَعْجَبْتُ بِهَؤُلاَءِ ــ ئۇلارغا ھەيران قالدىم.

## ئەسكەرتىش :

**1 ـ ئاملالارنىڭ تەسرى بىلەن ئاخىرى ئۆزگۈرىدىغان بەلگىلەر :**

1 - اَلْأَسْمَاءُ. 2 - وَالْفِعْلُ الْمُضَارِعُ.

(ئىسىملار) ۋە (كەلگۈسى زامان پېئىلى) دا كۆرۈلىدۇ.

---

**2 ـ ئاملالار تەسىر كۆرستەلمەيدىغان قاتقان بەلگىلەر ( ◌َ ◌ِ ◌ُ ◌ْ ) :**

1 - اَلْفِعْلُ الْمَاضِى. 2 - وَفِعْلُ الْأَمْرِ. 3 - وَجَمِيْعُ الْحُرُوفِ .

(ئۆتكەن زامان پېئىلى)، (بۇيرۇق پېئىل)، (بارلىق ھەرپلەر) ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

**بۇ بۆلۈمدە جەمئىي 32 باب مەزمۇن بولۇپ، ئىسمنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرى ۋە ئۇلارنىڭ تاۋۇش ـ بەلگىلىرى نوقتۇلۇق سۆزلىنىدۇ :**




## بۇ بۆلۈمدىكى 32 باب مەزمۇن :

************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْأَوَّلُ : اَلْإِسْمُ الْمَعْرِفَةُ وَالنَّكِرَةُ

### 1 ـ § : ئېنىق ئىسىم ۋە ئېنىقسىز ئىسىم

************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّانِى: اَلتَّنْوِيْنُ وَالْاَلِفُ وَاللاَّمُ

### 2 ـ § : جۈپ بەلگە ۋە ئەلىف ـ لام

************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّالِثُ : مُنْصَرِفٌ وَغَيْرَ مَنْصَرِفٍ

3 ـ § : ئاخىرى ئۆزگىرىدىغان ئىسىم ۋە ئاخىرى يېرىم ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم

*****************************************************

## اَلْفَصْلُ الرَّابِعُ : اَلِفٌ مَقْصُورَةٌ

4 ـ § : قىسقارغان ئەلىف

*****************************************************

## اَلْفَصْلُ الْخَامِسُ : مُثَنَّي

5 ـ § : ئىككىلىك ئىسىم

*****************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّادِسُ : اَلْجَمْعُ

6 ـ § : كۆپلۈك ئىسىم

*****************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّابِعُ : جَمْعُ السَّلاَمَةِ

7 ـ § : ساغلام كۆپلۈك

*****************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّامِنُ : جَمْعُ الْقِلَّةِ

8 ـ § : ئاز كۆپلۈك

*****************************************************

## اَلْفَصْلُ التَّاسِعُ : جَمْعُ الْجَمْعِ

9 ـ § : كۆپلۈكنىڭ كۆپلىكى

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْعَاشِرُ: اَلْاِسْمُ الْمَتَّصِلُ

### 10 ـ § : ئۇلانما ئىسىم

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْحَادِىَ عَشَرَ : اَلْجَمْعُ وَالْمُفْرَدُ

### 11 ـ § : كۆپلۈك ۋە يەككىلىك

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّانِىَ عَشَرَ : يَاءٌ مَكْسُوْرٌ مَاقَبْلَهَا

### 12 ـ § : ئالدى زىرلىق « ي »

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّالِثُ عَشَرَ : جَمْعُ الْاِسْمِ اَلِفٌ مَقْصُوْرَةٌ

### 13 ـ § : قىسقارغان ئەلىف بار ئىسىمنىڭ كۆپلىكى

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ الرَّابِعُ عَشَرَ : اَلْاِضَافَةُ

### 14 ـ § : سۆز بىرىكمىسى

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْخَامِسُ عَشَرَ : اِضَافَةٌ فِالْمُثَنّٰى وَالْجَمْعُ

### 15 ـ § : ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك ئىسىملاردىكى سۆز بىرىكمىسى

***************************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّادِسُ عَشَرَ : اَلتَّأْنِيْثُ

### 16 ـ § : ئايالىق جىنسى تۈردىكى ئىسىم

**************************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّابِعُ عَشَرَ : تَأْنِيْثُ الْعَدَدِ

### 17 ـ § : ئايالىق جىنسى تۈردىكى سانلار

**************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّامِنُ عَشَرَ: اَلْاَسْمَاءُ الْمُؤَنَّثَةُ لاَيُظْهَرُ عَلاَمَةٌ

### 18 ـ § : ئالامىتى ئېنىق بولمىغان ئايالىق جىنسى تۈردىكى ئىسىملار

**************************************************************

## اَلْفَصْلُ التَّاسِعُ عَشَرَ : جَمْعُ الْمُؤَنَّثِ

### 19 ـ § : ئايالىق جىنسى تۈردىكى ئىسىمنىڭ كۆپلۈكى

**************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْعِشْرُونَ : اِسْمٌ فِى« فَعْلَةٌ »

### 20 ـ § : « فَعْلَةٌ » ئۆلچىمىدىكى ئىسىم

**************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْحَادِىَ وَالْعِشْرُونَ : جَمْعٌ مُكَسَّرٌ

### 21 ـ § : پارچە كۆپلۈك ئىسىم

**************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّانِى وَالْعِشْرُونَ : اِسْمَيْنِ مَرْفُوْعَيْنِ

### 22 ـ § : باش كېلىشدىكى ئىككى ئىسىم

*************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّالِثُ وَالْعِشْرُونَ : اَلصِّفَةُ وَالْمَوْصُوفُ

### 23 ـ § : سۈپەت ۋە سۈپەتلەنگۈچى

*************************************************************

## اَلْفَصْلُ الرَّابِعُ وَالْعِشْرُونَ : اَلْاِسْمُ الْمَقْصُوْرُ وَالْاِسْمُ الْمَمْدُوْدُ

### 24 ـ § : قىسقارغان ئىسىم ۋە سوزۇلغان ئىسىم

*************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْخَامِسُ وَالْعِشْرُونَ : اَلْاِسْمُ الْعَلَمُ

### 25 ـ § : خاس ئىسىم

*************************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّادِسُ وَالْعِشْرُونَ : اَلْاِسْمُ الْمَنْسُوْبُ

### 26 ـ § : تەۋەلىك ئىسىم

*************************************************************

## اَلْفَصْلُ السَّابِعُ وَالْعِشْرُونَ : اَلنِّسْبَةُ الْجَمْعَ

### 27 ـ § : كۆپلۈك ئىسمنى تەۋە قىلىش

*************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّامِنُ وَالْعِشْرُونَ : اَلتَّصْغِيْرُ

## 28 ـ § : ئىسىملارنى كىچىكلىتىش

************************************************************

## اَلْفَصْلُ التَّاسِعُ وَالْعِشْرُونَ : تَصْغِيْرُ الْجَمْعِ

## 29 ـ § : كۆپلۈك ئىسمنى كىچىكلىتىش

************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّالِثُونَ : فِى الْوَقْفِ الْاِسْمَ

## 30 ـ § : ئىسىملارنى توختاتقاندا

************************************************************

## اَلْفَصْلُ الْحَادِىَ وَالثَّالِثُونَ : اَلِفٌ وَصْلٌ

## 31 ـ § : ئۇلانما ئەلف

************************************************************

## اَلْفَصْلُ الثَّانِى وَالثَّالِثُونَ : اَلْمَعْدُوْدُ

## 32 ـ § : سانالغۇچى ئىسىم

************************************************************

# مۇھىم تولۇقلىما

## اَلْعَدَدُ ( سان )

بىردىن ~ مىلىيونغىچە (1 ~ 1.000000) بولغان سانلار ۋە يىل ـ ئاي ـ كۈن، پەسىل، كالىندار ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

# 3 ـ قسىم 2 ـ بۆلۇم :
# تاۋۇش بەلگىلىرى
# حركات

*****************************************************

**1 ـ س: مَا حَرَكَاتٌ ؟ وَمَا اَهْمِيَّةُ دِرَاسَتِهِ ؟**

**تاۋۇش بەلگىسى دىگەن نىمە ؟ ئۇنى ئۆگۈنىشنىڭ ئەھمىيتى نىمە ؟**

**ج : حَرَكَاتٌ .** هِىَ الْحَرَكَاتُ الْمُخْتَلِفَةُ الَّتِى تَحْدِثُ فِى اَخِرِالْاِسْمِ بِعَوَامِلٍ مُخْتَلِفَةٍ تَدْخُلُ عَلَيْهِ اَوْ تُبْنَى عَلَيْهَا الْاَسْمَاءُ لاَ اَنْ تَحْدِثَ بِعَوَامِلٍ مُخْتَلِفَةٍ .

**بەلگە ـــ تۈرلۈك سىرتقى ئامىللار سەۋەبىدىن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا ئۆزگۈرۈپ**

تۇرىدىغان ياكى ئىسىملارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇپ، ھەرخىل سىرتقى ئامىللار تەسىرى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان بەلگىلەردۇر.

---

**اَهْمِيَّتُهُ :** يُتَوَصَّلُ بِهَا اِلىٰ تَلَفُّظِ الْكَلِمَةِ صَحِيْحَةً.

سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ئۈچۈندۇر.

*********************************************************

**ئەسكەرتىش :**

**اَلْإِعْرَابُ** (تاۋۇش بەلگىلىرى)

1 ـ حَرَكَاتٌ (بەلگە) 4 : ضَمَّةٌ فَتْحَةٌ كَسْرَةٌ سُكُونٌ .

2 ـ حُرُوفٌ (ھەرپلەر) 4 : « و ا ي ن » .

(بۇ كىتابتا «**حركات** » (تاۋۇش بەلگىلىرى) نوقتۇلۇق سۆزلىنىدۇ).

---

## اَلْإِعْرَابُ وَالْبِنَاءُ فِىالْأَسْمَاءِ

## ئىسىملاردىكى تۈرلىنىش ۋە تۈرلەنمەسلىك

*********************************************************

**2 ـ س: كَمْ قِسْمًا يَنْقَسِمُ الْاِسْمُ مِنْ حَيْثُ الْإِعْرَابُ وَالْبِنَاءُ ؟ وَمَا هِيَ ؟**

**ئىسىم تۈرلىنىش ۋە تۈرلەنمەسلىك جەھەتتىن نەچچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ ؟ ئۇلار قايسىلار ؟**

**ج :** يَنْقَسِمُ قِسْمَيْنِ (ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ) :

**1** ـ اِسْمٌ مُعْرَبٌ (تۈرلىنىدىغان ئىسىم). **2** ـ اِسْمٌ مَبْنِيٌّ (تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم). .

*********************************************************

**3 ـ س: ما اِسْمُ الْمُعْرَبُ ؟ وَمَا حَرَكَاتُهُ ؟**

**تۈرلىنىدىغان ئىسىم دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ بەلگىسى نېمە ؟**

**ج : اَلْاِسْمُ الْمُعْرَبُ .** هُوَ الَّذِى يَتَغَيَّرُ شَكْلُ اٰخِرِهِ بِتَغَيُّرِ مَوْقِعِهِ فِى الْجُمْلَةِ .

**حَرَكَاتُهُ** : تُسَمَّى **الرَّفْعَ وَالنَّصْبَ وَالْجَرَّ.**

**تۈرلىنىدىغان ئىسىم ــ** جۈملىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگۈرىشى بىلەن ئاخىرى ئۆزگۈرىدىغان ئىسىمدۇر.

**ئۇنىڭ بەلگىسى : باش كېلىش ( رَفْعٌ )، چۈشۈم كېلىش ( نَصْبٌ )، ئىگىلىك كېلىش (جَرٌّ ) دەپ ئاتىلىدۇ. ( ◌ُ ◌َ ◌ِ ◌ٌ ◌ً ◌ٍ )**

**م : الرَّفْعُ :** جَاءَنِى الرَّجُلُ ــ يېنىمغا بىر ئادەم كەلدى.

**وَالنَّصْبُ :** رَاَيْتُ الرَّجُلَ ــ ھېلقى ئادەمنى كۆردۈم.

**وَالْجَرُّ :** مَرَرْتُ بِالرَّجُلِ ــ ھېلقى ئادەم بىلەن ئۆتتۈم.

**4 ـ س: ما اِسْمُ الْمَبْنِيُّ ؟ وَمَا حَرَكَاتُهُ ؟**

**تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ تاۋۇش بەلگىسى نېمە؟**

**ج : اَلْاِسْمُ الْمَبْنِيُّ .** هُوَ الَّذِى لاَ يَتَغَيَّرُ شَكْلُ اٰخِرِهِ بِتَغَيُّرِ مَوْقِعِهِ فِى الْجُمْلَةِ .

**وَحَرَكَاتُ الْبِنَاءِ** : تُسَمَّى **الضَّمَّ وَالْفَتْحَ وَالْكَسْرَ.**

**تۈرلەنمەيدىغان ئىسىم ــ** جۈملىدىكى ئورنىنىڭ ئۆزگۈرىشى بىلەن ئاخىرى ئۆزگەرمەيدىغان ئىسىم.

**ئۇنىڭ بەلگىسى :** تاق پېچ ( **ضَمَّةٌ** )، تاق زەۋەر ( **فَتْحَةٌ** )، تاق زىر ( **كَسْرَةٌ** ) دەپ ئاتىلىدۇ.

**م : مِنْ حَيْثُ** (...دىن بولۇش)، **مِنْ قَبْلُ** (...دىن ئىلگىرى)، **مِنْ بَعْدَ** (...دىن

كېيىن) كَيْفَ (قانداق)، اَيْنَ (قەيەر)، هَؤُلاَءِ (ئۇلار)، اَمْسِ (تۈنۈگۈن)

ئەسكەرتىش :

وَكَذَالِكَ كُلُّ حَرْكَةٍ وَقَعَتْ فِى اَوَّلِ الْكَلِمَةِ اَوْ فِى وَسَطِهَا فَهِىَ بَنَائِيَّةٌ .

تۆرلىنىدىغان ئىسىم تۆرلەنمەيدىغان ئىسىمغا ئوخشاش ھەرپلەرنىڭ باش ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى بەلگىسى قاتقان بولىدۇ ( پەقەت ئاخىرقى ھەرپىنىڭ بەلگىسى ئۆزگۈرىدۇ ).

*****************************************************

## خۇلاسە :

إسم بولىدۇ.

1 ـ معرب : ئۆزگەرگۈچى بەلگە «رفع، نصب، جر» ( ◌ُ ◌َ ◌ِ ◌ٌ ◌ً ◌ٍ )

2 ـ مبنى : قاتقان بەلگە « ضم ، فتح، كسر » ( ◌ُ ◌َ ◌ِ ) بولىدۇ.

# اَلْفَصْلُ الْأَوَّلُ : اَلْإِسْمُ الْمَعْرِفَةُ وَالنَّكِرَةُ

## 1 ـ § : ئېنىق ئىسىم ۋە ئېنىقسىز ئىسىم

*****************************************************

**5 ـ س: كَمْ قِسْمًا يَنْقَسِمُ الْإِسْمُ بِاعْتِبَارِ الْمَعْرِفَةِ وَالنَّكِرَةِ ؟ مَا هِىَ ؟**

**ئىسىم ئېنىق ۋە ئېنىقسىزلىق جەھەتتىن نەچچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ ؟ ئۇلار قايسىلار؟**

**ج :** يَنْقَسِمُ إِلَى قِسْمَيْنِ (ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ) :

1 ـ اِسْمُ الْمَعْرِفَةُ (ئېنىق ئىسىم) 2 ـ اِسْمُ النَّكِرَةُ (ئېنىقسىز ئىسىم)

************************************************************

6 ـ س: ما اِسْمُ الْمَعْرِفَةُ ؟ وَمَا عَلاَمَاتُهُ ؟

ئېنىق ئىسىم دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ ئالامىتى نېمە ؟

ج : فَالْمَعْرِفَةُ . هُوَ الَّذِي كَانَ مُسَمَّاهُ مَعْلُومًا .

وَعَلاَمَاتُهُ : فِي اَسْمَاءِ الْاَجْنَاسِ الْاَلِفُ وَاللاَّمُ وَالْاِضَافَةُ .

كَقَوْلِكَ اَلرَّجُلُ وَالْغُلاَمُ وَالْفَرَسُ وَ غُلاَمُكَ وَفَرَسُكَ .

ئېنىق ئىسىم ـــ ھەركەت ئىگىسى ئېنىق (مەلۇم) بولغان ئىسىمدۇر.

ئۇنىڭ ئالامىتى : 1 ـ ئەلىف ـ لام (ال). 2 ـ بىرىكمە ئىسىم.

م : ھېلىقى ئەر، ھېلىقى چاكار، ھېلىقى ئات، سېنىڭ چاكىرىڭ، سېنىڭ ئېتىڭ.

7 ـ س: ما اِسْمُ النَّكِرَةُ ؟ وَما عَلاَمَتُهُ ؟

ئېنىقسىز ئىسىم دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئالامىتى نېمە؟

ج : وَالنَّكِرَةُ . هُوَ الَّذِى كَانَ مُسَمَّاهُ مَجْهُولاً .

وَعَلاَمَتُهُ : فِي اَسْمَاءِ الْاَجْنَاسِ اَلتَّجَرُّدُ عَنِ الْاَلِفِ وَاللاَّمِ وَالْاِضَافَةِ .

كَقَوْلِكَ رَجُلٌ وَغُلاَمٌ وَفَرَسٌ

ئېنىقسىز ئىسىم ـــ ھەركەت ئىگىسى نامەلۇم (مەۋھۇم) بولغان ئىسىمدۇر.

ئۇنىڭ ئالامىتى : ئەلىف ـ لام (ال) ۋە بىرىكمە ئىسىمدىن خالىي بولۇشتۇر.

م : ئەر، چاكار، ئات .

************************************************************

## خۇلاســـــە :

1 ـ معرفة : 1 ـ ئەلىف ـ لام (ال). 2 ـ بىرىكمە ئىسىمدۇر. م : اَلرَّجُلُ فَرَسُكَ .

إسم

2 ـ نكرة : ئەلف ـ لام (ال) ۋە بىرىكمە ئىسىمدىن خالىي بولۇشتۇر. م : رَجُلٌ .

# اَلْفَصْلُ الثَّانِي: اَلتَّنْوِيْنُ وَالْاَلِفُ وَاللاَّمُ

## 2 ـ § : جۈپ بەلگە ۋە ئەلف ـ لام

************************************************************

**8 ـ س: هَلْ يَجْتَمِعُ فِي اِسْمٍ وَاحِدٍ اَلتَّنْوِيْنُ وَالْاَلِفُ وَاللاَّمُ ؟**

**جۈپ بەلگە بىلەن ئەلف ـ لام بىر ئىسىمدا كېلەلەمدۇ ؟**

ج : اَلتَّنْوِيْنُ وَالْاَلِفُ وَاللاَّمُ **لاَ يَجْتَمِعَانِ** فِي اِسْمٍ وَاحِدٍ

تَقُولُ غُلاَمٌ اَوْ اَلْغُلاَمُ وَلاَ يَجُوزُ اَنْ تَقُولَ اَلْغُلاَمٌ بِالتَّنْوِيْنِ.

جۈپ بەلگە بىلەن ئەلف ـ لام (ال ) بىر ئىسىمدا **بىللە كەلمەيدۇ** .

م : « غُلاَمٌ » ياكى « اَلْغُلاَمُ » دېيىش كېرەك. جۈپ بەلگە بىلەن ئەلف ـ لام (ال ) نى بىر سۆزدە بىللە ئىشلىتىپ « اَلْغُلاَمٌ » دېيىش خاتادۇر.

************************************************************

**خۇلاسىـــــە :**

| **( ً ٍ ٌ ) بىلەن « ال » بىر سۆزدە كەلمەيدۇ** . |
|---|

# اَلْفَصْلُ الثَّالِثُ : مُنْصَرِفٌ وَغَيْرَ مَنْصَرِفٍ

## 3 ـ § : ئاخىرى ئۆزگىرىدىغان ئىسىم ۋە ئاخىرى قىسمەن ئۆزگۆرىدىغان ئىسىم

************************************************************

**9 ـ س: كَمْ قِسْمًا يَنْقَسِمُ الْاِسْمُ فِى تَغَيُّرِ اَخِرِهِ وَفِى غَيْرِ تَغَيُّرِ اَخِرِهِ ؟ وَمَا هِيَ ؟**

**ئىسىم ئاخىرى ئۆزگۈرۈشى ياكى ئۆزگەرمەسلىك جەھەتتىن نەچچە قىسىمغا بۆلىنىدۇ ؟ ئۇلار قايسىلار ؟**

**ج : يَنْقَسِمُ إِلَى قِسْمَيْنِ** (ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ) :

**1 ـ اِسْمُ الْمُنْصَرِفِ** (ئاخىرى ئۆزگىرىدىغان ئىسىم)

**2 ـ اِسْمُ الْغَيْرَ مَنْصَرِفٍ** (ئاخىرى قىسمەن ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم)

*************************************************************

**10 ـ س: ما اِسْمُ الْمُنْصَرِفُ ؟ ئاخىرى ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم دېگەن نېمە؟**

**ج : اِسْمُ الْمُنْصَرِفِ** ـــ اَلْاِسْمُ الَّذِى يَدْخُلُهُ التَّنْوِيْنُ وَالْحَرَكَاتُ الثَّلاَثُ جَمِيْعًا يُسَمَّى مُنْصَرِفاً . كَقَوْلِكَ **هَذَا رَجُلٌ وَرَأَيْتُ رَجُلاً وَمَرَرْتُ بِرَجُلٍ .**

**ئاخىرى ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم** ـــ ئۆزىگە جۈپ بەلگە ۋە ئۈچ تاق بەلگىنىڭ ھەممىسى كىرىدىغان ئىسىمدۇر.

**م : هَذَا رَجُلٌ . رَأَيْتُ رَجُلاً . مَرَرْتُ بِرَجُلٍ .**

*************************************************************

**11 ـ س: ما غَيْرَ مَنْصَرِفٍ ؟**

**ئاخىرى قىسمەن ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم دېگەن نېمە ؟**

**ج : غَيْرَ مَنْصَرِفٍ** ـــ اَلَّذِى يَدْخُلُهُ الرَّفْعُ وَالنَّصْبُ فَقَطٌّ وَلاَ يَدْخُلُهُ التَّنْوِيْنُ وَإِنَّمَا يُنْصَبُ فِى مَوْضِعِ الْجَرِّ يُسَمَّى غَيْرَمُنْصَرِفٍ .

كَقَوْلِكَ **هَذَا أَحْمَدُ وَرَأَيْتُ أَحْمَدَ وَمَرَرْتُ بِأَحْمَدَ .**

**ئاخىرى قىسمەن ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم** ـــ پەقەت زەۋەر ۋە پېچ كىرىدىغان جۈپ بەلگە كىرمەيدىغان، زىر ئوقۇلىدىغان ئورۇندا زەۋەر ئوقۇلىدىغان ئىسىملار ئاخىرى **يېرىم**

ئۆزگۈرىدىغان ئىسىم دېيىلدۇ.

م : هَذَا أَحْمَدُ رَأَيْتُ أَحْمَدَ مَرَرْتُ بِأَحْمَدَ .

12 ـ س: ما اِسْمُ الْمَبْنِيُّ ؟ قاتقان ئىسىم دېگەن نېمە ؟

ج : اِسْمُ الْمَبْنِيُّ : اَلَّذِى لاَ يَدْخُلُهُ التَّنْوِيْنُ وَالْحَرَكَاتُ الثَّلاَثُ جَمِيعًا يُسَمَّى مَبْنِيًّا .

كَقَوْلِكَ مَنْ وَكَمْ وَهَؤُلاَءِ وَاَمْسِ .

قاتقان ئىسىم : ئۆزىگە جۈپ بەلگە ۋە ئۈچ تاق بەلگىنىڭ ھېچقايسىسى كىرمەيدىغان ئىسىملار ئاخىرى قاتقان ئىسىم دېيىلدۇ.

م : مَنْ كَمْ هَؤُلاَءِ اَمْسِ .

************************************************************

## خۇلاســــە :

إسم:

- منصرف — ( ً ٌ ٍ ) ( ُ َ ِ ) كىرىدۇ.
- غير منصرف — ( ُ َ ) كىرىدۇ، ( ِ ) ئورنىدا ( َ ) كىرىدۇ.

مبني — ( ً ٌ ٍ ) ( ُ َ ِ ) كىرمەيدۇ.

# اَلْفَصْلُ الرَّابِعُ : اَلِفٌ مَقْصُورَةٌ

## 4 ـ § : قىسقارغان ئەلىف

************************************************************

13 ـ س: مَا عَلاَمَاتُ الْاَلِفُ الْمَقْصُوْرَةُ ؟

**قىسقارغان ئەلفنىڭ ئالامىتى نىمە ؟**

**ج : عَلاَمَاتُ الْاَلِفُ الْمَقْصُوْرَةُ :** اِذَا كَانَ فِي اٰخِرِ الْاِسْمِ اَلِفٌ مَقْصُورَةٌ لَمْ يُظْهَرْ فِيْهِ الْاِعْرَابُ .

**قىسقارغان ئەلفنىڭ ئالامىتى :** ئەگەر ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدا قىسقارغان ئەلىف بولسا، ئۇ ئىسىمدا تاۋۇش بەلگىلىرى ئوچۇق بىلىنمەيدۇ (يەنى قىسقارغان ئەلفدىن باشقا بەلگە كەلمەيدۇ).

**م :** هَذَا الرَّحىٰ ( بۇ تۈگمەندۇر ).

وَرَاَيْتُ الرَّحىٰ ( تۈگمەننى كۆردۈم ) .

وَمَرَرْتُ بِالرَّحىٰ ( تۈگمەن يېنىدىن ئۆتتۈم ).

************************************************************

**خۇلاســـــە :**

ألف

**1 ـ مقصورة ( ىٰ ) : باشقا بەلگىلەر كەلمەيدۇ .**

**2 ـ ممدد ( ا ) :** ( كېيىن سۆزلىنىدۇ ).

## اَلْفَصْلُ الْخَامِسُ : مُثَنَّي

## 5 ـ § : ئىككىلىك ئىسىم

************************************************************

**14 ـ س:** مَاذا يُفْعَلُ الْاِسْمُ فِالتَّحْوِيْلِ اِلَى الْمُثَنَّى؟ وَمَا عَلاَمَاتُهُ الرَّفْعِ وَالنَّصْبِ

**وَالْجَرِّ ؟**

**ئىسمنى ئىككىلىكە ئايلاندۇرىشتا قانداق قىلىش كېرەك ؟ ئۇنىڭ باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئىگىلىك كېلىش ئالامىتى نېمە ؟**

**ج :** اِذَا ثُنِّيَ الْاِسْمُ اُلْحِقَ بِاَخِرِهِ اَلِفٌ وَ نُونٌ مَكْسُورَةٌ اَوْ يَاءٌ مَفْتُوحَةٌ مَا قَبْلَهَا وَ نُونٌ مَكْسُورَةٌ . كَقَوْلِكَ **رَجُلاَنِ** **وَرَجُلَيْنِ** **وَغُلاَمَانِ** **وَغُلاَمَيْنِ**.

**اَلْاَلِفُ عَلاَمَةُ** الرَّفْعِ فِىالتَّثْنِيَةِ **وَالْيَاءُ عَلاَمَةُ** النَّصْبِ وَالْجَرِّ .

تَقُوْلُ **جَاءَنِى غُلاَمَانِ** **وَهَذَانِ رَجُلاَنِ** كَمَا تَقُوْلُ جَاءَنِىغُلاَمٌ وَهَذَا رَجُلٌ .

**وَرَأَيْتُ غُلاَمَيْنِ** كَمَا تَقُوْلُ رَأَيْتُ غُلاَمًا. **وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَيْنِ** كَمَا تَقُوْلُ مَرَرْتُ بِغُلاَمٍ .

بىرلىك ئىسىم ئىككىلىكە ئايلاندۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئەلف ھەم زىرلىق نۇن قوشۇلىدۇ، ياكى ئالدى زەۋەر « ي » نى كەلتۈرۈپ، ئاخىرىغا زىرلىق « نِ » نى قوشۇش لازىم بولىدۇ.

**م :** **رَجُلاَنِ – رَجُلَيْنِ، غُلاَمَانِ – غُلاَمَيْنِ .**

ئىككىلىكدە باش كېلىش **ئالامىتى :** ئەلفدۇر. **م : جَاءَنِى غُلاَمَانِ وَهَذَانِ رَجُلاَنِ.**

چۈشۈم كېلىش، ئىگىلىك كېلىش **ئالامىتى :** يادۇر. **م : وَرَأَيْتُ غُلاَمَيْنِ وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَيْنِ**

**يەنى: جَاءَنِىغُلاَمٌ + « ا »، « نِ » = جَاءَنِى غُلاَمَانِ .**

**هَذَا رَجُلٌ + « ا » « نِ » = هَذَانِ رَجُلاَنِ .**

**رَأَيْتُ غُلاَمًا + « َ ي » « نِ » = رَأَيْتُ غُلاَمَيْنِ .**

**مَرَرْتُ بِغُلاَمٍ + « َ ي » « نِ » = مَرَرْتُ بِغُلاَمَيْنِ .**

*************************************************************

**خۇلاســــه :**

ئىسمنى ئىككىلىككە ئايلاندۇرۇشتا « ا نِ » ياكى « َ ي نِ » قوشۇلىدۇ.

م : غُلاَمٌ + « ا »، « نِ » = غُلاَمَانِ

ياكى غُلاَمٌ + « َ ي » « نِ » = غُلاَمَيْنِ

عَلاَمَةُ الرَّفْعِ : « ا » .

عَلاَمَةُ النَّصْبِ وَالْجرِّ : « ي » .

## اَلْفَصْلُ السَّادِسُ : اَلْجَمْعُ

## 6 ـ § : كۆپلۈك ئىسىم

************************************************************

**15 ـ س:** كَمْ قِسْمًا يَنْقَسِمُ الْجَمْعُ ؟ وَمَا هِيَ ؟

كۆپلۈك نەچچە تۈرگە بولىنىدۇ ؟ ئۇلار قايسىلار ؟

**ج :** اَلْجَمْعُ عَلَى ضَرْبَيْنِ (ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ) :

1 ـ جَمْعُ التَّكْسِيْرِ (پارچە كۆپلۈك). 2 ـ جَمْعُ التَّصْحِيْحِ (پۈتۈن كۆپلۈك)

************************************************************

**16 ـ س:** ما جَمْعُ التَّكْسِيْرِ ؟ پارچە كۆپلۈك دېگەن نېمە؟

**ج :** جَمْعُ التَّكْسِيْرِ ـ مَا تُكَسَّرَ فِيْهِ نَظْمُ الْوَاحِدِ. كَقَوْلِكَ رِجَالٌ فِي جَمْعِ رَجُلٍ.

**پارچە كۆپلۈك** ـ كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا بىرلىك شەكلى بۇزۇلغان ئىسىمدۇر.

م : « رَجُلٌ » نىڭ كۆپلۈكى ← « رِجَالٌ » غا ئوخشاش.

************************************************************

**17 ـ س:** ما جَمْعُ التَّصْحِيْحِ ؟ پۈتۈن كۆپلۈك دېگەن نېمە؟

**ج :** جَمْعُ التَّصْحِيْحِ ـ مَا سَلِمَ فِيْهِ نَظْمُ الوَاحِدِ كَقَوْلِكَ مُسْلِمُونَ فِجَمْعِ مُسْلِمٍ.

**پۈتۈن كۆپلۈك** ـ كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا بىرلىك شەكلى بۇزۇلمىغان ئىسىمدۇر.

**م :** « مُسْلِمٌ » نىڭ كۆپلۈكى ← « مُسْلِمُونَ » گە ئوخشاش.

*******************************************************

**ئەسكەرتىش :**

**جَمْعُ التَّصْحِيْحِ** (پۈتۈن كۆپلۈك) ← **جَمْعَ السَّلاَمَةِ** (ساغلام كۆپلۈك) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

*******************************************************

**خۇلاســـــە :**

**جَمْعُ**

- **التَّكْسِيْرِ** : بىرلىك شەكلى **بۇزۇلغان** كۆپلۈك. **م :** **رَجُلٌ ← ج رِجَالٌ** .
- **التَّصْحِيْحِ** : بىرلىك شەكلى **بۇزۇلمىغان** كۆپلۈك. **م :** **مُسْلِمٌ ← ج مُسْلِمُونَ** .

## اَلْفَصْلُ السَّابِعُ : جَمْعُ السَّلاَمَةِ

## 7 ـ § : ساغلام كۆپلۈك

*******************************************************

**18 ـ س: ما اُلْحِقُ بِاَخِرِ الْاِسْمِ اِذَا جُمِعَ جَمْعَ السَّلاَمَةِ ؟ وَمَا عَلاَمَتُهُ الرَّفْعِ وَالنَّصْبِ وَالْجَرِّ فِالْجَمْعِ ؟**

**ئىسمنى ساغلام كۆپلۈك (پۈتۈن كۆپلۈك) تەرىقىسىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇشتا قانداق قىلىش كېرەك؟ كۆپلۈكتە باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ ئالامىتى نېمە؟**

**ج :** كُلُّ اِسْمٍ اِذَا جُمِعَ جَمْعَ السَّلاَمَةِ اُلْحِقَ بِاَخِرِهِ وَاوٌ مَضْمُومٌ مَاقَبْلَهَا وَنُونٌ مَفْتُوحَةٌ. اَوْ يَاءٌ مَكْسُورَةٌ مَاقَبْلَهَا وَنُونٌ مَفْتُوحَةٌ. فَالْوَاوُ عَلاَمَةُ الرَّفْعِ فِى الْجَمْعِ كَالْاَلِفِ فِالتَّثْنِيَةِ وَالْيَاءُ عَلاَمَةُ النَّصْبِ وَالْجَرِّ.

تَقُوْلُ : جَاءَنِي مُسْلِمُونَ وَرَأَيْتُ مُسْلِمِيْنَ وَمَرَرْتُ بِمُسْلِمِيْنَ .

ھەر قانداق ئىسىم ساغلام كۆپلۈك (پۈتۈن كۆپلۈك) تەرىقىسىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلغان ۋاقىتتا، شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا ئالدى پىچلىق « و» بىلەن زەۋەرلىك «ن » قوشۇلىدۇ ياكى ئالدى زىرلىق « ي » بىلەن زەۋەرلىك « ن » قوشۇلىدۇ.

« و » بولسا، باش كېلىشنىڭ ئالامىتىدۇر.

« ي » بولسا، چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىشنىڭ ئالامىتىدۇر .

**م : جَاءَنِي مُسْلِمُونَ وَرَأَيْتُ مُسْلِمِيْنَ وَمَرَرْتُ بِمُسْلِمِيْنَ .**

**********************************************************

**19 ـ س: لِمَا يُخْتَصُّ جَمْعُ السَّلاَمَةِ ؟ وَلِمَا يُخْتَصُّ جَمْعُ الْتَّكْسِيْرِ ؟**

**ساغلام كۆپلۈك نېمىگە خاس قىلىندۇ ؟ پارچە كۆپلۈك نېمىگە خاس ؟**

**ج :** هَذَا الْجَمْعُ يَخْتَصُّ بِالْعُقْلاَءِ. وَاَمَّا جَمْعُ التَّكْسِيْرِ فَيَكُونُ فِيْهِمْ وَ فِي غَيْرِهِمْ.

**ساغلام كۆپلۈك ــ** ئەقلى بار نەرسىلەرگە خاس.

**پارچە كۆپلۈك ــ** ئەقلى بار ھەم ئەقلى يوق نەرسىلەرگە خاسدۇر.

**********************************************************

## خۇلاســـــە :

**ساغلام كۆپلۈك :** « ـُ و»« نَ » ياكى « ـِي »« نَ » بىلەن ياسىلىدۇ.

**عَلاَمَةُ الرَّفْعِ :** « و » . **م : جَاءَنِي مُسْلِمُونَ**

**عَلاَمَةُ النَّصْبِ وَالْجَرِّ :** « ي ». **م : رَأَيْتُ مُسْلِمِيْنَ. مَرَرْتُ بِمُسْلِمِيْنَ .**

## اَلْفَصْلُ السَّامِنُ : جَمْعُ الْقِلَّةِ

## 8 ـ § : ئاز كۆپلۈك

**********************************************************

**20 ـ س: ما جَمْعُ الْقِلَّةِ ؟ وَكَمْ وَزْنًا هِىَ؟**

**ئاز كۆپلۈك دېگەن نېمە ؟ ئۇ قانداق ۋەزىنلەردە كېلىدۇ ؟**

**ج : جَمْعُ الْقِلَّةِ ــ** اَلْعَشَرَةُ وَمَادُونَهَا.

كُلُّ جَمْعٍ عَلَى وَزْنِ اَفْعُلٍ كَاَفْلُسٍ وَاَفْعَالٍ كَاَفْرَاخٍ وَاَفْعِلَةٍ كَاَلْسِنَةٍ وَفِعْلَةٍ كَغِلْمَةٍ فَهُوَ جَمْعُ قِلَّةٍ .

**ئاز كۆپلۈك ــ** 10 ياكى 10 دىن ئاز ساندىكى كۆپلۈكتۇر.

ئۇ تۆۋەندىكى ۋەزىنلەردە كېلىدۇ :

1 ـ اَفْعُلٌ ۋەزىنىدىكى ← اَفْلُسٌ (بىر چاخچىغال نەرسە)

2 ـ اَفْعَالٌ ۋەزىنىدىكى ← اَفْرَاخٌ (چۈجىلەر)

3 ـ اَفْعِلَةٌ ۋەزىنىدىكى ← اَلْسِنَةٌ (نەچچە خىل تىل)

4 ـ فِعْلَةٌ ۋەزىنىدىكى ← غِلْمَةٌ (چاكارلار).

مانا بۇلار ئاز كۆپلۈكدۇر.

*****************************************************

**خۇلاســـــە :**

**جمع القلة ــ 10 ياكى 10 دىن ئاز ساندىكى كۆپلۈكتۇر.**

**ئۇنىڭ ۋەزىنلىرى : « اَفْعُلٌ اَفْعَالٌ اَفْعِلَةٌ فِعْلَةٌ »**

## اَلْفَصْلُ التَّاسِعُ : جَمْعُ الْجَمْعِ

## 9 ـ § : كۆپلۈكنىڭ كۆپلىكى

*****************************************************

**21 ـ س: هَلْ يَصِحُّ الْجَمْعُ الْجَمْعِ ؟**

**كۆپلۈك ساندىكى ئىسمنى يەنە كۆپلۈككە ئايلاندۇرىشقا بولامدۇ ؟**

**ج :** جَمْعُ الْجَمْعِ لاَ يَصِحُّ اِلاَّ فِىجُمُوعِ الْقِلَّةِ.

كۆپلۈك ساندىكى ئىسىملارنى يەنە تەكرار كۆپلۈككە ئايلاندۇرشقا بولمايدۇ. پەقەت ئاز كۆپلۈكدىلا بولىدۇ.

**م : كَلْبٌ : اَكْلُبٌ ج ← اَكَالِيْبٌ (ئىتلار)**

**نَعْمٌ : اَنْعَامٌ ج ← اَنَاعِيْمٌ (چاھار پايلار)**

**سِوَارٌ: اَسْوِرَةٌ ج ← اَسَاوِرَةٌ (بىلەيزۈكلەر ).**

*******************************************************

**خۇلاســــە :**

**10 دىن يۇقىرى كۆپلۈكنى تەكرار كۆپلۈككە ئايلاندۇرشقا بولمايدۇ.**

# اَلْفَصْلُ الْعَاشِرُ: اَلْاِسْمُ الْمَتَّصِلُ

## 10 ـ § : ئۇلانما ئىسىم

*******************************************************

**22 ـ س: كَيْفَ ثُنِّىَ الْاِسْمُ الْمَتَّصِلُ ؟**

**ئۇلانما ئىسىم قانداق ئىككىلىككە ئايلاندۇرىلىدۇ ؟**

**ج :** يُقَالُ مَا اَحْسَنَ رُؤُسَهُمَا وَمَا اَعْظَمَ بُطُونَهُمَا. عَلَى لَفْظِ الْجَمْعِ.

وَالْمُرَادُ: رَأْسَيْهِمَا وَ بَطْنَيْهِمَا. وَفِىالْقُرَانِ « فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا »اَىْ قَلْبَيْكُمَا وَاِنَّمَا يَجُوزُ ذَالِكَ فِى الْاَشْيَاءِ الْمُتَّصِلَةِ دُونَ الْمُنْفَصِلَةِ. فَاَمَّا فِى الْمُنْفَصِلَةِ فَاِنَّكَ تَقُولُ مَا اَحْسَنَ فَرْسَيْهِمَا وَدَارَيْهِمَا.

**ئۇلانما ئىسىمنى ئىككىلىككە ئايلاندۇرغاندا، ئۇلارنى كۆپلۈك تەلەپپۇزى بويىچە**

كەلتۈرۈش لازىم.

**م :** مَا اَحْسَنَ رَؤُوْسَهُمَا ــ بۇ ئىككىسىنىڭ باشلىرى نېمە دېگەن چىرايلىق !

مَا اَعْظَمَ بُطُوْنَهُمَا ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ قورساقلىرى نەقەدەر چوڭ ـ ھە !

بۇ جۈملىدىكى ئەسلى مەقسەد : « رَأْسَيْهِمَا» (ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىككى بېشىنى) « بَطْنَيْهِمَا» (ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىككى قورسىقىنى) دېگەن ئۇلانما ئىسمنى يۇقۇرقىدەك كۆپلۈك تەلەپپۇزىدا ئېلىشتۇر. قۇرئاندا « فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا » يەنى « قَلْبَيْكُمَا» ئورنىدا كەلگەن. ئۇلۇنۇپ كەلگەن ئىسىملارنى يوقۇرقىدەك ئېلىش توغرا بولىدۇ (يەنى باش، قورساق بولسا تەنگە ئۇلۇنۇپ كەلگەن ئىسىملاردۇر). ئەمما، ئايرىما ئىسمدا ئۇنداق بولمايدۇ.

**م :** مَا اَحْسَنَ فَرْسَيْهِمَا وَدَارَيْهِمَا ــ ئۇنىڭ ئىككى ئېتى ۋە ئىككى ھويلىسى نېمە دېگەن چىرايلىق ـ ھە !

(يەنى ئات، ھويلا بولسا ئايرىم كەلگەن ئىسىملاردۇر)

*********************************************************

**خۇلاســــە :**

**ئۇلانما ئىسىملاردا ئىككىلىك ئىسم كۆپلۈك تەلەپپۇزدا كېلىدۇ.**

## اَلْفَصْلُ الْحَادِىَ عَشَرَ : اَلْجَمْعُ وَالْمُفْرَدُ

## 11 ـ § : كۆپلۈك ۋە يەككىلىك

*********************************************************

**23 ـ س: كَيْفَ يُغْرَقُ الْاِسْمُ بَيْنَ جَمْعِهِ وَبَيْنَ وَاحِدِهِ؟**

**كۆپلۈك ئىسم بىلەن ئۇنىڭ يەككە ھالىتى قانداق پەرقلىنىدۇ ؟**

**ج :** اَلْجَمْعُ الَّذِى بَيْنَهُ وَبَيْنَ وَاحِدِهِ يُفْرَقُ بِالتَّاءِ.

كۆپلۈك بىلەن ئۇنىڭ يەككە ھالىتى « اَلتَّاءُ ( ة ) » بىلەن پەرىقلىنىدۇ.

**م :** نَخْلَةٌ (بىر تۈپ خورما دەرىخى) ج ← نَخْلٌ (خورما دەرەخلىرى) .

تَمْرَةٌ (بىر تال خورما) ج ← تَمْرٌ (خورمىلار)

صَخْرَةٌ (بىر قۇرام تاش) ج ← صَخْرٌ (قۇرام تاشلار) .

بِطِّيْخَةٌ (بىر قوغۇن) ج ← بِطِّيْخٌ ( قوغۇنلار).

وَ هَذَا الْجَمْعُ يَخْتَصُّ بِالْأَشْيَاءِ الْمَخْلُوْقَةِ دُوْنَ الْمَصْنُوْعَةِ .

بۇ خىل كۆپلۈك شەكلى ئەسلى تەبئي (يارىتىلغان) شەيئىلەرگە خاستۇر. ياسىغان نەرسىلەرگە خاس بولمايدۇ.

*************************************************************

**خۇلاســـــە :**

**كۆپلۈك بىلەن ئۇنىڭ يەككە ھالىتى « ة » بىلەن پەرىقلىنىدۇ.**

**يەنى، يەككە ھالىتى « ة » بىلەن كېلىدۇ. كۆپلۈك ھالىتى « ة » سىز كېلىدۇ.**

**م : نَخْلَةٌ ج ← نَخْلٌ صَخْرَةٌ ج ← صَخْرٌ .**

## اَلْفَصْلُ الثَّانِىَ عَشَرَ : يَاءٌ مَكْسُوْرٌ مَاقَبْلَهَا

## 12 ـ § : ئالدى زىرلىق « ي »

*************************************************************

**24 ـ س: كَيْفَ يُجْمَعُ الْاِسْمُ الَّذِىْ فِى اَخِرِهِ يَاءٌ مَكْسُوْرٌ مَاقَبْلَهَا ؟**

**ئاخىرىدا ئالدى زىرلىق « ي» كەلگەن ئىسىم قانداق كۆپلۈككە ئايلاندۇرىلىدۇ ؟**

**ج :** اَلْاِسْمُ الَّذِى كَانَ فِى اَخِرِهِ يَاءٌ مَكْسُوْرٌ مَاقَبْلَهَا كَقَاضٍ وَغَازٍ. اِذَا جُمِعَ جَمْعَ السَّلاَمَةِ

حُذِفَ يَاءُهُ. وَضُمَّ مَاقَبْلَهَا فِىحَالِ الرَّفْعِ. وَكُسِرَ مَاقَبْلَهَا فِىحَالِ النَّصْبِ وَالْجَرِّ.

فَقِيْلَ : هُمْ قَاضُونَ وَغَازُونَ وَرَأَيْتُ قَاضِيْنَ وَغَازِيْنَ وَمَرَرْتُ بِقَاضِيْنَ وَغَازِيْنَ.

وَكَذَالِكَ الْمُصْطَفُوْنَ وَالْمُرْتَضُوْنَ وَالْمُصْطَفِيْنَ وَالْمُرْتَضِيْنَ .

**ئىسمنىڭ ئاخىرىدا ئالدى زىرلىق « ي » كەلگەن بىر خىل ئىسملار بار .**

**م : « قَاضِي غَاضِي » غا ئوخشاش.**

**بۇنداق ئىسملار پۈتۈن كۆپلۈك سان تەرىقىسىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلسا، ئۇ ئىسمنىڭ « ي » ھەرپى تاشلىنىدۇ. ئاندىن « ي » نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ باش كېلىش ھالىتىدە پىچلىق ئوقۇلدۇ. چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش ھالىتىدە زىرلىق ئوقۇلدۇ.**

**م : هُمْ قَاضُونَ وَغَازُونَ . وَرَأَيْتُ قَاضِيْنَ وَغَازِيْنَ. وَمَرَرْتُ بِقَاضِيْنَ وَغَازِيْنَ.**
**وَالْمُصْطَفُوْنَ وَالْمُرْتَضُوْنَ وَالْمُصْطَفِيْنَ وَالْمُرْتَضِيْنَ .**

**بۇ تۈردىكى(ئاخىرىدا ئالدى زىرلىق «ي» كەلگەن) باشقا ئىسملارمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلىدۇ.**

*****************************************************

## خۇلاســــــه :

**ئاخىرىدا ئالدى زىرلىق « ي » كەلگەن ئىسملار كۆپلۈككە ئايلاندۇرۇلسا، « ي » ھەرپى تاشلىنىپ، « ي » نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ <u>باش كېلىش</u> ھالىتىدە <u>پىچلىق</u> كېلىدۇ. <u>چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش</u> ھالىتىدە <u>زىرلىق</u> كېلىدۇ.**

**م : قَاضِي غَاضِي← هُمْ قَاضُونَ وَغَازُونَ . وَرَأَيْتُ قَاضِيْنَ وَغَازِيْنَ. وَمَرَرْتُ بِقَاضِيْنَ وَغَازِيْنَ.**

# اَلْفَصْلُ الثَّالِثُ عَشَرَ : جَمْعُ الْإِسْمِ اَلِفٌ مَقْصُوْرَةٌ

## 13 ـ §: قىسقارغان ئەلىف بار ئىسمنىڭ كۆپلىكى

*******************************************************

**25 ـ س: كَيْفَ يَجْمَعُ الْاِسْمُ الَّذِىْ فِى اَخِرِهِ اَلِفٌ مَقْصُوْرَةٌ ؟**

**ئاخىردا قىسقارغان ئەلىف بار ئىسىم قانداق كۆپلۈككە ئايلاندۇرىلىدۇ ؟**

**ج :** اَلْاِسْمُ الَّذي كَانَ فِي اَخِرِهِ اَلِفٌ مَقْصُورَةٌ. اِذَا جُمِعَ جَمْعَ السَّلاَمَةِ يُحْذَفُ اَلِفُهُ. وَ يُفْتَحُ مَاقَبْلَ الْوَاوِ وَالْيَاءِ جَمِيْعًا. كَقَولِهِم: **هُمْ اَعْلَوْنَ وَرَأَيْتُ اَعْلَيْنَ وَمَرَرْتُ بِاَعْلَيْنَ.**

وَكَذَالِكَ : **اَلْمُصْطَفَوْنَ وَالْمُرْتَضَونَ وَالْمُصْطَفَيْنَ وَالْمُرْتَضَيْنَ .**

ئاخىردا قىسقارغان ئەلىف بار ئىسىمنى پۈتۈن كۆپلۈك تەرىقىسىدە كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا، ئەلىف تاشلىنىدۇ. ئورنىغا كەلگەن « و » ۋە « ي » نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەر ئوقۇلىدۇ.

**م :** « اَعْلىٰ » ج ← **هُمْ اَعْلَوْنَ** (ئۇلار ئالىي كىشىلەر)

**رَأَيْتُ اَعْلَيْنَ** (ئالىي كىشىلەرنى كۆردۈم)

**مَرَرْتُ بِاَعْلَيْنَ** (ئالىي كىشىلەر بىلەن بىللە ماڭدىم)

**مُصْطَفىٰ ج ← هُمْ مُصْطَفَوْنَ وَرَأَيْتُ مُصْطَفَيْنَ وَمَرَرْتُ بِمُصْطَفَيْنَ**

*******************************************************

## خۇلاســـــە :

**ئاخىردا قىسقارغان ئەلىف بار ئىسىملارنى كۆپلۈككە ئايلاندۇرغاندا، ئەلىف تاشلىنىپ، ئورنىغا كەلگەن « و» ۋە « ي » نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ (باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئىگىلىك كېلىش ھالىتىنىڭ ھەممىسىدە) زەۋەر ئوقۇلىدۇ.**

( يُفْتَحُ مَاقَبْلَ الْوَاوِ وَالْيَاءِ جَمِيْعًا فِىحَالِ الرَّفْعِ النَّصْبِ وَالْجَرِّ )

**م :** « اَعْلىٰ » ج ← **هُمْ اَعْلَوْنَ رَأَيْتُ اَعْلَيْنَ مَرَرْتُ بِاَعْلَيْنَ .**

## اَلْفَصْلُ الرَّابِعُ عَشَرَ : اَلْاِضَافَةُ

## 14 ـ § : سۆز بىرىكمىسى

**********************************************************

**26 ـ س: مَا الْإِضَافَةُ ؟ وَمَا خَاصَّتُهُ ؟**

**سۆز بىرىكمىسى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار؟**

**ج** : اَلْإِضَافَةُ اَنْ تَجْمَعَ بَيْنَ الْإِسْمَيْنِ فَتَجُرُّ الثَّانِي مِنْهُمَا بِالْاَوَّلِ وَتَسْقُطُ التَّنْوِيْنُ مِنَ الْاَوَّلِ كَقَوْلِكَ : غُلاَمُ زَيْدٍ وَدَارُ خَالِدٍ وَثَوْبُ بَكْرٍ .

يُسَمَّى الْاَوَّلُ مُضَافًا وَالثَّانِي مُضَافًا اِلَيْهِ .

سۆز بىرىكمىسى ــ ئىككى ئىسىمنى قوشۇشدۇر. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى ئىككىنچىسىنى زىر قىلىدۇ. بۇ چاغدا بىرىنچى ئىسىمدىن جۈپ بەلگە چۈشۈپ قالىدۇ.

**م : غُلاَمُ زَيْدٍ** ← مۇھەممەدنىڭ چاكىرى.

**دَارُ خَالِدٍ** ← خالىدنىڭ ھويلىسى

**ثَوْبُ بَكْرٍ** ← بەكرىنىڭ كىيىمى.

سۆز بىرىكمىسىدە بىرىنچى ئىسىم ئالدى **قوشۇلغۇچى** دېيىلىدۇ. ئىككىنچى ئىسىم **قوشۇلغۇچىسى** (ئۇنىڭغا قوشۇلغۇچى) دېيىلىدۇ.

**********************************************************

**خَاصَّتُ الْإِضَافَةِ :**

١ــ مِنْ حَقِّ الْاَوَّلِ اَنْ يَجْرِيَ بِوُجُوهِ الْإِعْرَابِ فَيَكُونُ مَرْفُوعًا وَمَنْصُوبًا وَ مَجْرُورًا وَمِنْ حَقِّ الثَّانِي اَنْ يَكُونَ مَجْرُورًا اَبَدًا .

تَقُوْلُ : جَاءَنِي غُلاَمُ زَيْدٍ وَرَأَيْتُ غُلاَمَ زَيْدٍ وَمَرَرْتُ بِغُلاَمِ زَيْدٍ .

٢ــ وَلاَ يَجُوزُ اَنْ تَدْخُولَ الْاَلِفُ وَاللاَّمُ عَلَى الْمُضَافِ وَيَجُوزُ دُخُولُهُمَا عَلَى الْمُضَافِ اِلَيْهِ. تَقُوْلُ : ثَوْبُ الرَّجُلِ وَ ثَوْبُ رَجُلٍ. لاَ يَجُوزُ اَلثَّوْبُ الرَّجُلِ وَ لاَ اَلثَّوْبُ رَجُلٍ .

**سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى :**

**1** ـ سۆز بىرىكمىسىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىم : تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇ باش كېلىش ھالەتتە **پېچلىق**، چۈشۈم كېلىش ھالەتتە **زەۋەرلىك**، ئىگىلىك كېلىش ھالەتتە **زىرلىق** كېلىدۇ. كەينى قوشۇلغۇچىسى : مەڭگۈ **زىر** ئوقۇلىدۇ.

م : جَاءَنِى غُلاَمُ زَيْدٍ ← زەيدىنىڭ چاكىرى يېنىمغا كەلدى.

رَأَيْتُ غُلاَمَ زَيْدٍ ← زەيدىنىڭ چاكىرىنى كۆردۈم.

مَرَرْتُ بِغُلاَمِ زَيْدٍ ← زەيدىنىڭ چاكىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم.

2 ـ سۆز بىرىكمىسىدە ئەلىف ـ لام (ال) نىڭ ئالدى قوشۇلغۇچىغا كىرىشى توغرا بولمايدۇ. پەقەت كەينى قوشۇلغۇچىسىغا كىرىدۇ.

م : ثَوْبُ الرَّجُلِ ياكى ثَوْبُ رَجُلٍ دېيىش توغرا.

اَلثَّوْبُ الرَّجُلِ ياكى اَلثَّوْبُ رَجُلٍ دېيىش خاتا.

*************************************************************

**خۇلاسە :**

**1 ـ مضاف**: تاۋۇش بەلگىسىدىن « ◌َ ◌ِ ◌ُ » نى قوبۇل قىلىدۇ. «ال»،« ◌ً ◌ٍ ◌ٌ » نى قوبۇل قىلمايدۇ.

**اَلْاِضَافَةُ**

**2 ـ مضاف اليه**: پەقەت زىر ( ◌ِ ◌ٍ ) نى قوبۇل قىلىدۇ . «ال» نى ھەم قوبۇل قىلىدۇ.

# اَلْفَصْلُ الْخَامِسُ عَشَرَ : اِضَافَةٌ فِىالْمُثَنّٰى وَالْجَمْعُ

## 15 ـ § : ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك ئىسىملاردىكى سۆز بىرىكمىسى

*************************************************************

**27 ـ س: كَيْفَ يُضَافُ التَّثْنِيَّةُ اِلَىالْوَاحِدِ ؟**

**ئىككىلىك ساندىكى ئىسىم يەككە ساندىكى ئىسىمغا قانداق قوشۇلىدۇ ؟**

**ج :** ١ـ فَاِنْ اِضَفْتَ الْاِسْمَ الْمُثَنّٰى اِلىٰ وَاحِدٍ فَاحْذِفِ النُّونَ .

فَقُلْ : جَاءَنِى غُلاَمَا رَجُلٍ فِىحَالِ الرَّفْعِ . وَرَأَيْتُ غُلاَمَى رَجُلٍ فِىحَالِ النَّصْبِ .

وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَى رَجُلٍ فِىحَالِ الْجَرِّ .

ئەگەر ئىككىلىك ئىسىم يەككە ئىسىمغا قوشۇلسا، ئىككىلىكدىكى « ن » ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

**م :** باش كېلىش ھالەتتە : **غُلاَمَا رَجُلٍ** (ئەرنىڭ ئىككى چاكىرى).

چۈشۈم كېلىش ھالەتتە: **وَرَأَيْتُ غُلاَمَى رَجُلٍ** (ئەرنىڭ ئىككى چاكىرىنى كۆردۈم).

ئىگىلىك كېلىش ھالەتتە: **وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَى رَجُلٍ** (ئەرنىڭ ئىككى چاكىرىنىڭ يېنىغا باردىم).

٢ـ وَاِنْ اِضَفْتَهُ اِلَى مَا فِيْهِ الْاَلِفُ وَاللاَّمُ فَقُلْ :جَاءَنِى غُلاَمَا الرَّجُلِ بِحَذْفِ اَلِفِ التَّثْنِيَةِ فِى اللَّفْظِ وَاِثْبَاتِهَا فِى الْخَطِّ . وَرَأَيْتُ غُلاَمَيِ الرَّجُلِ وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَى الرَّجُلِ .

ئەگەر ئىككىلىك ئىسىم ئەلىف ـ لاملىق يەككە ساندىكى ئېنىق ئىسىمغا قوشۇلسا، تەلەپپۇزدا يېنىك ئېلىش ئۈچۈن، ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىمدىكى ئىككىلىكنىڭ « ا » ھەرپى ئوقۇلمايدۇ. لېكىن، يېزىقتا ساقلىنىپ قالىدۇ.

**م : جَاءنى غُلاَمَا الرَّجُلِ .**

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش ھالەتلىرىدە، ئىككىلىكنىڭ « ي » ھەرپى كەينى قوشۇلغۇچىسىغا قوشۇلۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن زىرلىق ئوقۇلىدۇ.

**م : وَرَأَيْتُ غُلاَمَيِ الرَّجُلِ وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَيِ الرَّجُلِ .**

********************************************************

**28 ـ س: كَيْفَ يُضَافُ التَّثْنِيَةُ اِلَىالتَّثْنِيَةِ ؟**

**ئىككىلىك ساندىكى ئىسىم ئىككىلىك ساندىكى ئىسىمغا قانداق قوشۇلىدۇ ؟**

**ج :** وَاِنْ اَضَفْتَ الْاِسْمَ الْمُثَنَّى اِلَى الْمُثَنَّى فَاحْذِفِ النُّونَ اَيْضًا. فَقُلْ :

جَاءَنِغُلاَمَا رَجُلَيْنِ وَرَأَيْتُ غُلاَمَى رَجُلَيْنِ وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَىْ رَجُلَيْنِ.

وَكَذَالِكَ الْمَعْرِفَةُ عَلَى الْقِيَاسِ الْمَذْكُورِ.

ئەگەر ئىككىلىك ئىسىم ئىككىلىك ئىسىمغا قوشۇلسا، ئوخشاشلا « ن » تاشلىنىدۇ.

**م : جَاءَنِغُلاَمَا رَجُلَيْنِ وَرَأَيْتُ غُلاَمَى رَجُلَيْنِ وَمَرَرْتُ بِغُلاَمَىْ رَجُلَيْنِ .**

ئەلىف ـ لام بىلەن كەلگەن ئېنىق ئىسىملارمۇ يۇقۇردىكى قائىدىگە ئوخشاشتۇر.

**********************************************************

**29 ـ س: كَيْفَ يُضَافُ الْجَمْعُ اِلَى الْوَاحِدِ؟**

**كۆپلۈك ئىسىم يەككە ئىسىمغا قانداق قوشۇلىدۇ ؟**

**ج :** ١– وَاِنْ اَضَفْتَ الْاِسْمَ الْمَجْمُوعَ فَاحْذِفِ النُّونَ اَيْضًا.

جَاءَنِى صَالِحُو قَوْمِكَ وَرَأَيْتُ صَالِحِىقَوْمِكَ وَمَرَرْتُ بِصَالِحِى قَوْمِكَ.

كۆپلۈك ئىسىمنى يەككە ئىسىمغا قوشقاندىمۇ ئوخشاشلا ئالدى قوشۇلغۇچى كۆپلۈك ئىسىمدىكى « ن » تاشلىنىدۇ.

**م : جَاءَنِى صَالِحُو قَوْمِكَ وَرَأَيْتُ صَالِحِى قَوْمِكَ وَمَرَرْتُ بِصَالِحِى قَوْمِكَ.**

٢– وَاِنْ اَضَفْتَهُ اِلَىمَا فِيْهِ الْاَلِفُ وَاللاَّمُ فَاحْذِفِ الْوَاوَ وَالنُّونَ جَمِيْعًا فِاللَّفْظِ.

فَقُلْ: جَاءَنِى صَالِحُو الْقَوْمِ. بِاِثْبَاتِ الْوَاوِ فِى الْخَطِّ و اِسْقَاطِهَا فِى اللَّفْظِ.

ئەگەر كۆپلۈك ساندىكى ئىسىم ئەلىف ـ لام (ال) بىلەن كەلگەن ئىسىمغا قوشۇلسا، ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىمدىكى « و »، « ن » تەلەپپۇزدا تاشلىنىدۇ. لېكىن، يېزىقتا « ن » تاشلىنىپ « و » قالىدۇ.

**م : جَاءَنى صَالِحُو الْقَوْمِ .**

وَكَذَلِكَ الْيَاءُ وَالنُّونُ جَمِيْعًا فِاللَّفْظِ.

تَقُولُ: رَأَيْتُ صَالِحِي الْقَوْمِ وَمَرَرْتُ بِصَالِحِي الْقَوْمِ. بِإِثْبَاتِ الْيَاءِ فِالْخَطِّ.

چۈشۈم كېلىش ۋە ئىگىلىك كېلىش ھالەتلىرىدىمۇ، ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىمدىكى « ي » ۋە « ن » تەلەپپۇزدا تاشلىنىدۇ. لېكىن، « ي » يېزىقتا قالىدۇ.

م : رَأَيْتُ صَالِحِالْقَوْمِ وَمَرَرْتُ بِصَالِحِي الْقَوْمِ .

********************************************************

## خۇلاســـــە :

**1 ـ ئىككىلىك ۋە كۆپلۈك ئىسىم : يەككە ئىسىم ياكى ئىككىلىك ئىسىمغا قوشۇلسا، ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىمدىكى « ن » تاشلىنىدۇ.**

**2 ـ ئىككىلىك ئىسىم : ئەلىف ـ لام (ال) لىق يەككە ياكى ئىككىلىك ئىسىمغا قوشۇلسا، ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىمدىكى « ا » ياكى « ي » تەلەپپۇزدا تاشلىنىپ، يېزىقتا ساقلىنىپ قالىدۇ.**

**3 ـ كۆپلۈك ئىسىم : ئەلىف ـ لام (ال) لىق ئىسىمغا قوشۇلسا، ئالدى قوشۇلغۇچى ئىسىمدىكى « و»**

**« ن » ياكى « ي » « ن » تەلەپپۇزدا تاشلىنىپ، يېزىقتا « و » ياكى « ي» ساقلىنىپ قالىدۇ.**

# اَلْفَصْلُ السَّادِسُ عَشَرَ : اَلتَّأْنِيْثُ

## 16 ـ § : ئاياللىق جىنسي تۈردىكى ئىسىم

********************************************************

**30 ـ س: كَيْف تُأَنَّثُ الْاَسْمَاءُ ؟**

**ئىسىملارنى ئاياللىق جىنسىي تۈرگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟**

**ج :** اِذَا اَنَّثْتَ الْاِسْمَ فَالْحِقْ بِاَخِرِهِ تَاءً مَفْتُوحًا مَاقَبْلَهَا. كَقَوْلِكَ :

فِصَالِحٍ صَالِحَةٍ وَفِمُسْلِمٍ مُسْلِمَةٍ .

ئىسىملارنى ئاياللىق جىنسىي تۈرگە ئۆزگەرتىشتە، شۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا ئالدى زەۋەرلىك « اَلتَّاءُ » (ة) ھەرپى قوشۇلىدۇ.

**م : صَالِحٌ ← صَالِحَةٌ مُسْلِمٌ ← مُسْلِمَةٌ**

************************************************************

**31 ـ س: كَيْفَ يُعْرَفُ تَاءُ التَّأْنِيْثِ ؟**

**ئاياللىق جىنسىي تۈرنى ئىپادىلىگۈچى « ة » ھەرپى قانداق تونۇلىدۇ ؟**

**ج :** يُعْرَفُ بِشَيْئَيْنِ اَحَدُهُمَا اَنْ يَكُونَ مَاقَبْلَهَا مَفْتُوحًا وَالثَّانِى اَنْ يَنْقَلِبَ تَائُهُ هَاءً فِى الْوَقْفِ. فِمُسْلِمَةٍ مُسْلِمَهْ وَفِصَالِحَةٍ صَالِحَهْ.

ئاياللىق جىنسىي تۈرنى ئىپادىلىگۈچى « ة » ھەرپى ئىككى خىل ئەھۋالدا تونۇلىدۇ :

1 ـ « ة » نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەۋەرلىك بولۇشى.

2 ـ توختىغاندا (تەلەپپۇزدا) « ة » نىڭ « ھ » غا يۆتكىلىشى.

**م : مُسْلِمَةٌ ← مُسْلِمَهْ صَالِحَةٌ ← صَالِحَهْ**

************************************************************

## خۇلاســـــە :

**ئىسىملارنى ئاياللىق جىنسىي تۈرگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن :**

**شۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا يۇملاق « اَلتَّاءُ » (ـَ ة) ھەرپى قوشۇلىدۇ.**

**« اَلتَّاءُ » (ـَ ة) ھەرپى ئاياللىق جىنسىي تۈرنى ئىپادىلىشى ئۈچۈن :**

1 ـ « ة » ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ چوقۇم زەۋەرلىك بولۇشى كېرەك.

2 ـ توختىغاندا « ة » ھەرپى تەلەپپۇزدا « ھ » غا يۆتكىلىشى كېرەك.

م : مُسْلِمَةٌ ← مُسْلِمَهْ      مُعَلِّمَةٌ ← مُعَلِّمَهْ .

# اَلْفَصْلُ السَّابِعُ عَشَرَ : تَأْنِيْثُ الْعَدَدِ

## 17 ـ § : ئاياللىق جىنسى تۈردىكى سانلار

***********************************************************

32 ـ س: كَيْفَ تُأَنَّثُ الْعَدَدُ مِنْ الثَّلاَثَةِ اِلَىالْعَشَرَةِ ؟

3 دىن ~ 10 غىچە بولغان سانلار ئاياللىق جىنسى تۈرگە قانداق ئۆزگەرتىلىدۇ ؟

ج : تَأْنِيْثُ الْعَدَدِ مِنْ الثَّلاَثَةِ اِلَىالْعَشَرَةِ يُخَالِفُ تَأْنِيْثَ الْاَسْمَاءِ كُلَّهَا. تَقُولُ :
ثَلاَثُ نِسْوَةٍ وَاَرْبَعُ نِسْوَةٍ اِلَىقَوْلِكَ عَشَرَ نِسْوَةٍ.

ئۈچتىن ~ ئونغىچە بولغان سانلارنى ئاياللىق جىنسى تۈرگە ئۆزگەرتىشتە، ئۇلارنى ئاياللىق جىنسى تۈر قىلىش قائىدىسىنىڭ ئەكسىنى قىلىمىز.

م : ثَلاثُ نِسْوَةٍ ، اَرْبَعُ نِسْوَةٍ ~ عَشَرَ نِسْوَةٍ.

(ئۈچ ئايال، تۆت ئايال... ~ ئون ئايال...).

فَتُطْرَحُ تَاءُ التَّأْنِيْثِ مِنَ الْمُؤَنَّثِ وَهِىَ ثَابِتَةٌ فِىالْمُذَكَّرِ.

تَقُولُ : ثَلاَثَةُ رِجَالٍ وَاَرْبَعَةُ رِجَالٍ اِلَىقَوْلِكَ عَشَرَةُ رِجَالٍ .

بۇ چاغدا ئاياللىق جىنسى تۈرنى ئىپادىلىگۈچى « ة » ـ ئاياللىق جىنسى تۈردىكى ساندىن تاشلىنىپ، ئەرلىك جىنسى تۈردىكى سانغا قېتىلىدۇ.

م : ثَلاَثَةُ رِجَالٍ . اَرْبَعَةُ رِجَالٍ ~ عَشَرَةُ رِجَالٍ .

(ئۈچ ئەر، تۆت ئەر... ~ ئون ئەر...).

***********************************************************

**33 ـ س: كَيْفَ يَكُوْنُ الْعَدَدُ فَوْقَ الْعَشَرَةِ اِذَا كَانَ ؟**

**سان ئوندىن ئاشقاندا قانداق قىلىش كېرەك ؟**

**ج :** وَاِذَا جَاوَزْتِ الْعَشَرَةَ فَقُلْتَ :

اِحْدٰى عَشَرَةَ اِمْرَأَةً وَاثْنَتَا عَشَرَةَ اِمْرَأَةً اِلَى قَوْلِكَ تِسْعَ عَشَرَةَ اِمْرَأَةً ....

بِحَذْفِ التَّاءِ مِنَ الْاَوَّلِ وَاِثْبَاتِهَا فِالثَّانِى وَقَالُوا فِى الْمُذَكَّرِ:

اَحَدَ عَشَرَ رَجُلاً وَاِثْنَتَا عَشَرَ رَجُلاً وَثَلاثَةَ عَشَرَ رَجُلاً اِلَى تِسْعَةَ عَشَرَ رَجُلاً .

**سان ئوندىن ئاشقاندا بىرلەر خانىسىدا « ة » ئېلىپ تاشلىنىپ، ئونلەر خانىسىدا ساقلىنىپ قالىدۇ.**

**م : اِحْدٰى عَشَرَةَ اِمْرَأَةً وَاِثْنَتَا عَشَرَةَ اِمْرَأَةً ~ تِسْعَ عَشَرَةَ اِمْرَأَةً ...**

**(11 ئايال، 12 ئايال... ~ 19 ئايال...)**

**ئەرلىك جىنسىي تۈردە سان ئوندىن ئاشقاندا « ة » بىرلەر خانىسىدا قوشۇلۇپ، ئونلەر خانىسىدا تاشلىنىدۇ.**

**م : اَحَدَ عَشَرَ رَجُلاً وَاِثْنَا عَشَرَ رَجُلاً**

**وَثَلاثَةَ عَشَرَ رَجُلاً ~ تِسْعَةَ عَشَرَ رَجُلاً**

**(11 ئەر، 12 ئەر، 13 ئەر... ~ 19 ئەر...)**

*********************************************************

**34 ـ س: كَيْفَ يَكُوْنُ الْعَدَدُ فَوْقَ الْعَشَرَةِ اِذَا كَانَ عَادُوْا ؟**

**دەرىجە سانلار قانداق ئاتىلىدۇ ؟ سان ئوندىن ئاشقاندا دەرىجە سانلاردا قانداق قىلىش كېرەك ؟**

بِاِثْبَاتِ التَّاءِ فِالْاَوَّلِ حَذْفِهَا فِالثَّانِى وَقَالُوا :

اَلْاَوَّلُ وَالْاُوْلٰى وَالثَّانِى وَالثَّانِيَةُ وَالثَّالِثُ وَالثَّالِثَةُ وَكَذٰلِكَ الْعَاشِرُ وَالْعَاشِرَةُ فَعَادُوا اِلَى اَصْلِ الْقِيَاسِ : وَالْحَادِىَ عَشَرَ وَالْحَادِيَةُ عَشَرَةَ وَالثَّانِىَ عَشَرَ وَالثَّانِيَةُ عَشَرَةَ وَالثَّالِثُ عَشَرَ وَ

الثَّالِثَةُ عَشَرَةَ اِلَقَوْلِكَ التَّاسِعُ عَشَرَ وَالتَّاسِعَةُ عَشَرَةَ . بِإسْقَاتِ التَّاءِ فِالْمُذَكَّرِ وَاِثْبَاتِهَا فِالْمُؤَنَّثِ عَلىٰ مَا هُوَ الْاَصْلُ .

دەرىجە سانلار مۇنداق ئاتىلىدۇ :

اَلْاَوَّلُ (مزكر) ← (مؤنث) اَلْاُوْلىٰ (بىرىنچى).

وَالثَّانِي (مزكر) ← (مؤنث)وَالثَّانِيَةُ (ئىككىنچى).

وَالثَّالِثُ ← وَالثَّالِثَةُ ~ الْعَاشِرُ ← وَالْعَاشِرَةُ...

(3 ـ 4 ـ 5 ـ 6 ـ 7 ـ 8 ـ 9 ـ 10 ـ ....)

دەرىجە سان ئوندىن ئاشقاندا، ئەسلى قىياس بويىچە ئەرلىك جىنسى تۈردە « ة » تاشلىنىپ ئاياللىق جىنسى تۈردە ساقلىنىپ قالىدۇ.

م : اَلْحَادِىَ عَشَرَ(مزكر) ← (مؤنث) اَلْحَادِيَةُ عَشَرَةَ

وَالثَّانِيَ عَشَرَ(مزكر) ← (مؤنث) وَالثَّانِيَةُ عَشَرَةَ

وَالثَّالِثُ عَشَرَ ← وَالثَّالِثَةُ عَشَرَةَ

... ~ وَالتَّاسِعُ عَشَرَ ← وَالتَّاسِعَةُ عَشَرَةَ ...

(11 ـ 12 ـ 13 ـ ... ~ 19 ـ ...)

************************************************************

## خۇلاســـــە :

**1 ـ (3 ~ 10) غىچە بولغان سانلارنى ئاياللىق جىنسي تۈرگە ئۆزگەرتىشتە :**

**ئەسلى قىياسنىڭ ئەكسىچە، ئاياللىق جىنسي تۈرنى ئىپادىلىگۈچى « ة » ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەرلىك جىنسي تۈردىكى سانغا قېتىلىدۇ.**

م : ثَلاَثُ نِسْوَةٍ ~ عَشَرَ نِسْوَةٍ . ثَلاَثَةُ رِجَالٍ ~ عَشَرَةُ رِجَالٍ .

************************************************************

**2 ـ سان ئوندىن ئاشقاندا ئاياللىق جىنسي تۈردىكى ئىسملاردا :**

« ة » بىرلەر خانىسىدا  ئېلىپ تاشلىنىپ، ئونلەر خانىسىدا ساقلىنىپ قالىدۇ.

م : اِحْدىٰ عَشَرَةَ اِمْرَأَةً ~ تِسْعَ عَشَرَةَ اِمْرَأَةً ...

ئەرلىك جىنسىي تۈردىكى ئىسىملاردا ئەكسىچە : « ة » بىرلەر خانىسىدا ساقلىنىپ، ئونلەر خانىسىدا تاشلىنىدۇ. م : ثَلاَثَةَ عَشَرَ رَجُلاً ~ تِسْعَةَ عَشَرَ رَجُلاً .

*************************************************************

3 ـ دەرىجە سانلار ئەسلى قىياس بويىچە مۇنداق ئاتىلىدۇ :

مزكر: اَلْاَوَّلُ وَالثَّانِى وَالثَّالِثُ ~ وَالْعَاشِرُ.

اَلْحَادِىَ عَشَرَ  وَالثَّانِىَ عَشَرَ  وَالثَّالِثُ عَشَرَ ~ وَالتَّاسِعُ عَشَرَ...

مؤنث : اَلْأُوْلىٰ  وَالثَّانِيَةُ  وَالثَّالِثَةُ ~ وَالْعَاشِرَةُ.

اَلْحادِيَةُ عَشَرَةَ  وَالثَّانِيَةُ عَشَرَةَ  وَالثَّالِثَةُ عَشَرَةَ ~ وَالتَّاسِعَةُ عَشَرَةَ ...

( 1 ـ 2 ـ 3 ـ ... ~ 10 ـ ) ( 11 ـ 12 ـ 13 ـ ... ~ 19 ـ ... )

## اَلْفَصْلُ الثَّامِنُ عَشَرَ: اَلْاَسْمَاءُ الْمُؤَنَّثَةُ لاَيُظْهَرُ عَلاَمَةٌ
